# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 12 - ئاي

31

پەيشەنبە

维吾尔文 12 月31日

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报社出版

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25292 - سان　بۈگۈن 4 بەت


### شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىسلاھات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىسلىسىز ئىرادە ۋە سالماق بىلەن ئىدىيە، قاراشتىكى ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۇراقلىشىپ قالغان مەنپەئەت توسۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىللەتلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، تاشقى مۇھىت ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا پائال تاقابىل تۇرۇپ، ھەيۋەتلىك، قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئىسلاھات مۇساپىسىنى باشلىدى. پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەر ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك تۈزۈم رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى، نۇرغۇن ساھەدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، سىستېما خاراكتېرلىك قايتا يارىتىش، ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرلىك قايتا بەرپا قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىسلاھات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، تېخىمۇ زور نەتىجىنى نامايان قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خۇلاسىلەش - باھالاش دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا «مەركەز كارخانىلىرىدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى شىركەت ئىدارە قىلىشقا سىڭدۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»، «يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق ئايلانما تەرەققىي قىلىدىغان ئىقتىساد سىستېمىسىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»، «مۇھىت ئۇچۇرىنى قانۇن بويىچە ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھەسى»، «ھۆكۈمەت ئىشلىرى سانلىق مەلۇماتلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن تەرتىپلىك ئورتاق بەھرىلىنىشنى تېز ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «خامچوت باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «يېڭى دەۋردە ئىددىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر»، «باج ئىشلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «بېيجىڭ پۇل مۇئامىلە سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى لايىھە» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىللاردىكى ئىسلاھات خىزمىتىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، بىز ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەلەر، قوللانغان بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەر، قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار مۇھىم، زور بۆسۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى ياراتتى. بىرىنچى، بۇ، ئىدىيە، نەزەرىيەدىكى بىر مەيدان چوڭقۇر ئۆزگىرىش. بىز ئىدىيە، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق ئىدىيە، نەزەرىيەنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي نىشانى، ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ گېرمانىيە، فرانسىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بىلەن سىنلىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى

## جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى قەرەلدە تامامالايدىغانلىقىنى ئورتاق جاكارلىدى



12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن سىنلىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى قەرەلدە تامامالايدىغانلىقىنى ئورتاق جاكارلىدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى




12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن سىنلىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى قەرەلدە تامامالايدىغانلىقىنى ئورتاق جاكارلىدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى دىڭ لىن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى مىچېل، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋوندېرلېيېن بىلەن سىنلىق ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى جۇڭگو - ياۋروپا ئىتتىپاقى مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى سۆھبىتىنى قەرەلدە تامامالايدىغانلىقىنى ئورتاق جاكارلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ 2021 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كەچ سائەت 7دە مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى ۋە ئالاقە تورى ئارقىلىق، 2021 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئېلان قىلىدۇ. مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى قارىمىقىدىكى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلى، ئاخبارات قانىلى، جۇڭگو تىلى خەلقئارا قانىلى، 4K قانىلى، جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەرقايسى چەت ئەل تىلى قاناللىرى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، جۇڭگو خەلقئارا رادىيو ئىستانسىسى ھەمدە خەلق تورى، شىنخۇا تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات تېرمىنالى قاتارلىق مەركەزدىكى ئاساسلىق ئاخبارات تاراتقۇلىرى قارىمىقىدىكى تور بېكەتلىرى، يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرىدا دەل ۋاقتىدا تارقىتىلىدۇ.

---

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى

### باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۇنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا چېن چۈەنگو، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ چىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئالماشتۇردى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بىزنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداش كېرەك.

بىرىنچىدىن، باشتىن - ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى باش ئورۇنغا قويۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

---

# مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە، جەزمەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە، جەزمەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك.» ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دىققەتنى يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىششقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك چوڭ رايونى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، يېزا - كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى «12 - بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدىكى 9425 يۈەندىن 2019 - يىلىدىكى 13 مىڭ 122 يۈەنگە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر تۇرسۇنجان ئېلى مۇنداق دېدى:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 108 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 108 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 5G تور قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسپات ئىشلىرى ۋە كارخانىلارغا چېتىلىدىغان تىجارەت ئىجازىتى ئىشلىرى بويىچە خەۋەرلەندۈرۈش - ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇردى

3 - بەتتە

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 18 ئەنئەنىۋى كەنتنىڭ ھەممىسىدە ۋۇتۇسكا ئېسىپ قوغداش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

3 - بەتتە